# ئۇچقۇن

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا

2000 - يىلى 1 - ئاي

35 - سان

گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى

Eastern Turkistan
Information Center

پىكىردە، سۆزدە، ئىشتە بىرلىك

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى »

## رامازاندا گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى تۈرك جەمىيەتلىرىدە 26 قېتىم دوكلات بەردى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخىن شەھىرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى »، 99 - يىللىق مۇبارەك رامازان ئېيىدىن پايدىلىنىپ گېرمانىيەدىكى مۇسۇلمان خەلقلەرگە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى ئاڭلىتىش مەقسىدىدە رامازان ھارپىسىدا مەخسۇس 2 دوكلات بېرىش ئۆمىكى تەشكىللىگەن ئىدى. شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاشنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قۇرۇلغان بۇ ئىككى ئۆمەك، دۇنيادا 220 مىڭ ئەزاسى بولغان ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ مۇسۇلمان تەشكىلاتى - « مىللىي كۆرۈش » تەشكىلاتىنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تۈزۈپ بەرگەن پروگراممىسىغا ئاساسەن، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ميۇنخىن، برېمىن، خانوفەر، ھامبۇرگ شتۇتگارت، كارلشۇۋە قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى 26 شۆبە جەمئىيىتىدە 26 قېتىم مەخسۇس دوكلات بېرىپ، 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ميۇنخىنغا قايتىپ كەلدى، دوكلاتنى ئاڭلىغۇچى تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي سانى 25 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، بۇجەرياندا دوكلات بېرىش ئۆمىكى مەخسۇس ماشىنا بىلەن 5 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈردى. ( داۋامى 2 - بەتتە )

( داۋامى 2 - بەتتە )

## ۋەھشى خىتاي ساقچىلىرى بىر ئائىلىلىك ئۇيغۇرنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، 99 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قانخور خىتاي ساقچىلىرى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قارا قىر يېزىسىدىكى ئۇيغۇر دېھقان ئالىم قۇربانىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئالىم قۇربانىنىڭ ئايالى ئارزىگۈلنى، 14 ياشلىق ئوغلى ئابدۇلېتىپنى ۋە 8 ياشلىق قىزى گۈلجامالنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ( تەپسىلاتى 3 - بەتتە )



ۋەھشى خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قانخورلارچە ئۆلتۈرۈلگەن ئانا - بالىلار: ( سولدىن ئوڭغا ) ئارزىگۈل قۇربان، ياش. ئابدۇلېتىپ قۇربان، 14 ياش. گۈلجامال قۇربان، 8 ياش. ئۇۋۇدىسە كېرىيە خەلق ئاھەڭ ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئائىلىلىك ئانا - بالىلار ئۈچۈن قان يىغلىماقتا.

خوتەندە

## تۇتقۇن ۋە قىرغىنچىلىق داۋام قىلماقتا

ئۆز مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خىتاينىڭ ئىچكى ھۆججەتلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان خەۋىرىگە قارىغاندا، 99 - يىلى 9 - ئايدىن بويان خوتەن رايونىدا خىتاي ھۆكۈمىتى، « مىللىي بۆلگۈنچى، قانۇنسىز دىنى ئۇنسۇر »دىگەن نام بىلەن جەمئى 917 نەپەر كىشىنى رەسمىي قولغا ئالغان، بۇنىڭ ئىچىدە « كۆرەش شايكىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار » دەپ قولغا ئېلىنغانلار 668 نەپەر، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدە يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا ئۆلگەن ۋە تۈرمىلەردە قىيىن - قىستاق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر 71 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ جەسىدى ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلمەي، كېرىيە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا كۆمۈۋېتىلگەن. مۇخبىرىمىزنىڭ خەۋىرىدە، ئۇۋۇەتتە كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خوتەن رايونىدا تۇتقۇن قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈش ھەركىتىنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقى بايان قىلىنىدى.

## ئۆمۈر ھاجىغا سەپەر قىلغان 400 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر بېيجىڭدا قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 99 - يىلى 11 - ئايدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆمۈر ھاجى قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن بىر قاتار چەكلەش تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان. ( داۋامى 3 - بەتتە )

( داۋامى 3 - بەتتە )

## 14 نەپەر بىگۇناھ تالىپنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان ئاخباراتىغا ئاساسلانغاندا، يېقىندا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاراساي يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق 14 نەپەر ياش تالىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىلىپ قېلىپ جازالىشىدىن قورقۇپ، يېزىدىن 18 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئادىمزاتسىز قۇملۇققا پىيادە بېرىپ، بۇيەردە دىنى ئىبادەت ۋە سۆھبەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، ھۆكۈمەتنىڭ شۇ يېزىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بىر پايلاقچىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قېلىپ دەرھال شۇ ئەتراپتىكى قوراللىق ساقچى قىسىملىرىغا مەلۇم قىلغان، نەتىجىدە 7 نەپەر قوراللىق ساقچى قۇملۇققا باستۇرۇپ كىرىپ ھېلىقى 14 نەپەر تالىپنى ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان يېرىدىلا تۇتىۋالغان ۋە ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ يالاپ ئېلىپ ماڭغان. قۇملۇقتا كېتىۋاتقاندا قوراللىق ساقچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە تۇتقان قوپال مۇئامىلىسىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن 14 نەپەر تالىپ، ئۆزلىرىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان 7 نەپەر ساقچىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تاياق - توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، ھەممىسىنىڭ قوراللىنى تارتىۋالغان، بۇجەرياندا 2 نەپەر ساقچى قېچىپ كەتكەن.( داۋامى 4 - بەتتە )

( داۋامى 4 - بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

## 14 نەپەر بىگۇناھ تالىپنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى

( بېشى 1 - بەتتە ) تالىپلار قالغان 5 نەپەر ساقچىنى باغلاپ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ، قۇملۇقنىڭ ئىچكى قىسمىغا قاراپ قېچىپ كەتكەن. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان يېقىن ئەتراپتىكى ساقچى قىسىملىرى، مەخسۇس نېفىت ئەترەتلىرى ئىشلىتىدىغان قۇملۇق ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىپ تالىپلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى تۇتالمىغان ۋە قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى خوتەندىكى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قوماندانلىق شتابىغا مەلۇم قىلغان، قوماندانلىق شتابى « جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى » ئاجرىتىپ بەرگەن ئىككى تىك ئۇچار ئايروپىلان ئارقىلىق قۇملۇقتا ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە تەكشۈرۈش جەريانىدا قۇملۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا قېچىپ كېتىۋاتقان تالىپلارنى كۆرۈپ قېلىپ، تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىلىموتتىن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىغان، گەرچە تالىپلار قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھېلىقى ساقچىلاردىن ئولجا ئالغان قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلمىگەچكە، ئامالسىز قالغان، نەتىجىدە 8 تالىپ ۋە ئۇلار يالاپ ئېلىپ ماڭغان ساقچىلارنىڭ 2 نەپىرى نەق مەيداندا ئوق تېگىپ ئۆلگەن، قالغان 6 تالىپ ۋە 3 نەپەر ئەسىر ساقچىغىمۇ ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلانغان. ساقچى دائىرىلىرى 6 نەپەر يارىدار تالىپنى تۇتۇپ ئاپىرىپ سوراق قىلغاندا، ئۇلار، « سىلەر بىزنى دىنى تەلىم ئېلىشقا يول قويمىغاچقا، قۇملۇققا كىرىپ دىنى تەلىم ئالغان ئىدۇق، باشقا گۇناھىمىز يوق! » دەپ جاۋاپ بېرىشكەن.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا يارىدار تالىپلارنىڭ 3 نەپىرى سوراق جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن، قالغان 3 نەپىرى ھازىر جىددى قۇتقۇزۇشتا ئىكەن.

ئۇندىن باشقا يەنە مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇيىللىق رامازان بايرىمى ھارپىسىدا ، « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ خوتەنگە ئەۋەتكەن « خىزمەت گۇرۇپپىسى » نىڭ باشلىقى ئىسمايىل تېلىۋالدى خىزمەت گۇرۇپپىسى نامىدا مەخسۇس ئۇختۇرۇش تارقىتىپ، خوتەن رايونىدا بۇلۇم دەرىجىلىكتىن يۇقۇرى مىللى كادىرلارنىڭ ھېيت نامىزىغا قاتنىشىشنى چەكلىگەن ۋە بۇ ئۇختۇرۇشنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى مەمۇرى جەھەتتىن قاتتىق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېيت ھارپىسىدا خوتەن تېلىۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يىغىن زالىدا خوتەندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقۇرى مىللى كادىرلارغا، « خوتەندە مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش » دىگەن تېمىدا ھازىرلانغان بىر ئىچكى ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىلگەن بولۇپ، مەزكۇر فىلىمدە مەلۇم بىر ئۆيدە قورشاۋ ئاستىدا قېلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ چىققان 4 نەپەر ئۇيغۇر ياشنىڭ نەق مەيداندا ئوقتا تۇتۇلۇپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى بىر كۆرۈنۈش يەر ئالغان.

مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا يەنە يېقىندا بىرتوپ ساقچى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ جاھانباغ يېزىسىغا بىر « گۇمانلىق » كىشىنى تۇتقىلى بارغاندا، يېزىدىكى كىشىلەر ساقچىلارنى ئورىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەم تۇتۇشىغا قارشى چىققان، نەتىجىدە بۇ ساقچىلار « گۇمانلىق كىشى » نى تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، جانلىرىنى ئاران تەستە قۇتقۇزۇپ يېزىدىن قېچىپ چىققان. خوتەندىكى ساقچى دائىرىلىرى بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ، كۆپلىگەن ژاندارما ۋە ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ قاراقاش ناھىيىسىگە كىرىپ - چىقىدىغان ئېغىزلارنى قامال قىلىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى قاتتىق تەكشۈرىدىغان بولۇۋالغان.



## سۈرەتلىك خەۋەرلەر



« قازاقىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى، « ئاۋۇستىراليە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش قاتارلىقلار گېرمانىيەدە چاقىرىلغان مىللى قۇرۇلتاي مەزگىلىدە « ياۋروپا مىللى كۈرەش تەشكىلاتى » نىڭ ميۇنخېندىكى باۋارىيا شۇبە تەشكىلاتىنى زىيارەت قىلدى.



گېرمانىيەدە چاقىرىلغان قۇرۇلتاي مەزگىلىدە، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرى مەركىزى ئورگىنى ميۇنخېندىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نى زىيارەت قىلدى.



« گېرمان - ئۇيغۇر دوستلۇق جەمىيىتى » نىڭ بىرقىسىم ئەزالىرى ئابدۇجېلىل قاراقاشنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ۋايما ئىنىستىتوتىنى زىيارەت قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى نەشر قىلدى

# خىتاي هۆكۈمىتى خوتەن رايونىدا يىغىن ئۈستىگە يىغىن ئېچىپ، ئۈمەك ئۈستىگە ئۈمەك ئەۋەتىپ، يەرلىك خەلقنى جىنىدىن جاق تويغۇزدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 99 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان خوتەن رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاتالمىش « ئاپتونوم رايون » نىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى خۇددى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىرىيەردە خاتىرجەم تۇرالماي، ئۇرۇمچىدىن ئارقا - ئارقىدىن خوتەن رايونىغا پايپاسلاپ كېلىشكە باشلىدى ۋە خوتەن رايونىدا يەرلىك خەلقنىڭ كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي هەركەتلىرىنى قانلىق باستۇرۇشقا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىشكە باشلىدى. ئۇنىدىن باشقا يەنە ئادەتتە ئۇرۇمچىدە ئېچىلىشقا تېگىشلىك « ئاپتونوم رايون » دەرىجىلىك تۈرلۈك يىغىنلارمۇ ئالاهىدە خوتەندە چاقىرىلىشقا باشلىدى، بۇ، تارىختا هېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر غەلىتە هادىسە ئىدى.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن « خوتەن » گېزىتىنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، 99 - يىلى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈنجى بولۇپ « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزالىرىدىن ئىسمايىل تىلىۋالدى ۋە جويۋەن مەخسۇس بىر خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، خوتەندىكى هۆكۈمەت دائىرلىرىنىڭ يەرلىك خەلقلەرنى باستۇرۇشىغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى جۇشېنتاۋ مەخسۇس خوتەن مەسىلىسى هەققىدە پەۋقۇلاددە تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى هەر دەرىجىلىك هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، خوتەندىكى يەرلىك هۆكۈمەتلەرگە يېقىندىن ماسلىشىپ، خوتەندە خىتاي هاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوراللىق هەركەتلەرنى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن، يەنى خىتاينىڭ دۆلەت بايرىمىدىن بۇرۇن تەل - تۆكۈس باستۇرۇپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما جۇشېنتاۋنىڭ بۇقېتىمقى تېلېفون يىغىنى قىلچە كار قىلمىدى، ئەكسىچە خىتاينىڭ دۆلەت بايرىمى هارپىسىدا ۋە دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە خوتەن رايونىدا كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۆرەشلەر شىددەت بىلەن كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ، هەرگىزمۇ تاسادىپىلىق بولماستىن، بەلكى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى 50 يىللىق مۇستەبىت هاكىمىيىتىگە قارىتا بىلدۈرگەن بىرخىل ئېتىرازى ئىدى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يەنە ئاتالمىش « ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەهكىمىسى » نىڭ باش تەپتىشى مەمەت يۈسۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى هەردەرىجىلىك تەپتىش مەهكىمىلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، خوتەن شەهرىدە مەخسۇس ئىككى كۈن « پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي هەركەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش » يىغىنى چاقىرىپ، خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي ۋە دىنىي هەركەتلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويىدىغان تاكتىكىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە خوتەن رايونىدا خىتاي هاكىمىيىتىگە قارشى يۈزبېرىۋاتقان قوراللىق هەركەتلەرنىڭ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا يېيىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، هەرقايسى جايلاردىكى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خوتەننىڭ ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، خوتەندىكى تەپتىش تارماقلىرىغا يېقىندىن ماسلىشىپ هەرىكەت ئېلىپ بېرىشى كېرەكلىكىنى ئالاهىدە تەكىتلەپ ئۆتتى. خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ « ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش يىغىنى » نى ئۇرۇمچىدە چاقىرماي، ئەكسىچە ئالاهىدە خوتەندە چاقىرىشىدىكى مەقسىدى، تامامەن خوتەن خەلقىغە هەيۋە كۆرسۈتۈش ئىدى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى جويۋەن يەنە قايتا خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، « ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى » نىڭ خوتەننىڭ قاراقاش ناهىيىسىدە تۇرۇشلۇق 47 - تۈەننى زىيارەت قىلىپ، خوتەندىكى ساقچى دائىرلىرىغا ماسلىشىپ يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي هەركەتلىرىنى باستۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان 47 - تۈەندىكى خىتاي « خەلق ئەسكەرلىرى » دىن هال سورىدى ۋە ئۇلاردىن ئۈلۈمدىن ۋە جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، خوتەن رايونىدا مەڭگۈ يىلتىز تارتىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بۇيەردىكى خىتاي پۇخرالىرىغا هۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى تۈرلۈك ئالىي ئىمتىيازلاردىن بەهرىمان قىلىدىغانلىقى هەققىدە ۋەدە بەردى. خوتەندە مىللىي توقۇنۇشلار تازا ئەۋجىگە چىققان بىر پەيتتە، « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى جويۋەننىڭ ئالاهىدە كېلىپ 47 - تۈەننى يوقلىغانلىقى، خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ خوتەن رايونىدىكى مىللىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتى ئىدى، چۈنكى خوتەندە تۇرۇشلۇق 47 - تۈەن، 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خوتەن رايونىدا مىللىي زىددىيەتلەرنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

99 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يەنە « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى ۋە « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى » نىڭ باشلىقى ۋۇگوفۇمۇ خوتەنگە پالاقشىپ كېلىپ، خوتەندە مەخسۇس « تەشۋىقات سۆهبەت يىغىنى » چاقىردى. ۋۇگوفۇ بۇقېتىمقى يىغىندا قىلغان سۆزىدە، ئىدىيولوگىيە ساهەسىدىكى « مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش » كە ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى « مىللىي بۆلگۈنچى » كۈچلەرنىڭ خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشۋىقاتلىرىغا قارشى تىغمۇ - تىغ كۆرەش قىلىش كېرەكلىكىنى ئالاهىدە تەكىتلەپ ئۆتتى ۋە « دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بولغان تەشۋىقات كۆرىشىدە تەشەببۇسكارلىقنى قولىمىزغا ئېلىشىمىز لازىم » دەپ جار سالدى. ۋۇگوفۇنىڭ بۇ بايانلىرى بىرتەرەپتىن، خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ غايەت زور تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە تەشۋىقات قوشۇنىنىڭ يەرلىك خەلق ئىچىدە ئىناۋىتىنى ۋە قىممىتىنى يوقۇتۇپ، ناهايىتى بىچارە هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر جەهەتتىن، چەتئەللەردە كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ناهايىتى چەكلىك بولغان مىللىي تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىدىيولوگىيە ساهەسىگە ئالاهىدە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

ئاخىرقى هېساپتا « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەننىڭمۇ ئۇرۇمچىدە تولا چۈشى بۇزۇلۇپ، ئۇيقۇسى كەلمەي، 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بىرتوپ مەنسەپدارنى باشلاپ خوتەنگە يېتىپ كەلدى ۋە خوتەندە چاقىرىلغان « مۇقىملىق خىزمىتى يىغىنى » غا بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلدى.

يۇقارقىلاردىن باشقا يەنە يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خوتەن رايونىدا چاقىرىلغان يەرلىك يىغىنلارنىڭ هەددى - هېساۋى يوق ئىدى، بۇ بىرقاتار هادىسىلەر، خوتەن خەلقىغە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى » دىكى ئاچچىق قاراڭغۇلۇق كۈنلەرنى ئەسلەتتى. گەرچە خىتاي هۆكۈمىتى بۇخىل ۋاستىلار ئارقىلىق خوتەن خەلقىغە سىياسىي جەهەتتىن غايەت زور بېسىم پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ روهىنى چۈشۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما دەل بۇنىڭ ئەكسىيە. خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ بۇخىل بېسىم سىياسىتى يەرلىك خەلقنىڭ كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرماقتا ۋە خوتەن رايونىدا خىتاي هاكىمىيىتىگە قارشى هەرخىل شەكىلدىكى مىللىي كۆرەشلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولماقتا!

( ئىزاهات: مەزكۇر ماقالە گېزىتىمىزنىڭ مەسئۇلى ۋە باش تەهرىرى پەرهات مۇهەممەدى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىندى )



شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى نەشر قىلدى

# 1999 - يىلى تاشقى دۇنيادىكى مىللى مۇجادىلىمىزدا يۈز بەرگەن موھىم ئىشلار خاتىرىسى



1999 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شۋېتسارىيەدىكى ئۇيغۇر ياش كېرەم.شېرىپ « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى » نىڭ جەنۋەدە چاقىرىلغان يىللىق يىغىنىدا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالەتەن مەخسۇس سۆز قىلىپ، كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى پاش قىلدى.






1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە ھەپتىلىك « ئۇچقۇن » گېزىتى رەسمى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.




1999 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەركىزى ئورگىنى لوندوندىكى « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرى ھەققىدە مەخسۇس 92 بەتلىك ئومومى دوكلات ھازىرلاپ تارقاتتى، بۇ ۋەتەن سىرتىدىكى 50 يىللىق مۇجادىلە تارىخىمىزدا تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە زور





1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە 2 - نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.



1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گېرمانىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مەشھۇر ئۇيغۇر سىياسىيون ۋە دىپلومات ئەركىن ئالپتېكىن، مەركىزى ئورگىنى گوللاندىيەدىكى قىسقارتىلغان نامى « ئۇنپو » دەپ ئاتالغان « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » نىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى.



1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئامېرىكىدىكى « شەرقىي تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى » نىڭ پىرېزىدېنتى ئەنۋەر يۈسۈپ ۋە خانىمى ئامېرىكا پارلامېنت زالىدا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بىل. كېلىنتون بىلەن كۆرۈشتى.


گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇجېلىل قاراقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممىدى
كومپيۇتېرغا ئالغۇچى:
ئارزىگۈل ھامۇت
مونتاژ: ئەسقەر تۇرسۇن

تۈركچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
دوكتۇر ئەركىن ئەمەت
ئەرەبچە نۇسخىسىنىڭ
تەھرىرى: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
خىتايچە نۇسخىسىنىڭ
تەھرىرى: ئۇيغۇر قىزى
لاتىنچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
مۇنىرە يۇنۇس
كىرىلچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
نادىرە ئىلھام

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ ( تۈركىيە )
ئابلىكىم باقى ( تۈركىيە )
سىدىقھاجى روزى (ئامېرىكا )
ئەخمەت ئىگەمبەردى ( ئاۋۇستىرالىيە )
سېيىتجان قەيسەر ( ئۆزبېكىستان )
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان )
ئەنۋەرجان ( گېرمانىيە )
قەھرىمان غوجامبەردى ( قازاقىستان )

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Uygurischer Verein.e.V
Konto: 907227110
BLZ: 70150000
Bank:
Stad sparkasse
Muenchen - Germany



E.T.I.C.
Lindwurmstr 99
80337 München
Germany

Internet:www.uygur.net
E-mail: etic@uygur.com
Tel: 0049-89-54 40 47 72
Fax: 0049-89-54 45 63 30